# ھەرقانداق تاشقى كۈچنىڭ شىنجاڭنىڭ چوڭ ياخشى ۋەزىيىتىگە كاشىلا قىلىشقا، بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا قەتئىي يول قويمايمىز

(بېشى 1 - بەتتە)

پاكىت مۇنازىرىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. شىنجاڭ جۇڭگونىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش كۈرىشىدىكى ئاساسىي جەڭ مەيدانى. ئۆتكەن بىر مەزگىلدە، شىنجاڭ تېررورىزم، دىنىي ئەسەبىزمنىڭ زىيانكەشلىكىگە چوڭقۇر ئۇچرىدى، زوراۋانلىق، تېررورلۇق ھۇجۇم قىلىش ۋەقەلىرى ئۈزۈلمەي يۈز بېرىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھاياتى، مال - مۈلۈك بىخەتەرلىكىگە ئىنتايىن چوڭ خەۋپ ئېلىپ كەلدى. ھەممىگە ئايانكى، 1990 - يىلدىن 2016 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر، دىنىي ئەسەبىي كۈچلەر، زوراۋان - تېررورچى كۈچلەر جۇڭگونىڭ شىنجاڭ رايونىدا نەچچە مىڭ قېتىم زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو (ۋەقە)سىنى پىلانلاپ سادىر قىلدى، نۇرغۇنلىغان بىگۇناھ ئامما زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى، نەچچە يۈز جامائەت خەۋپسىزلىكى خەلق ساقچىسى خىزمەت ئۈستىدە قۇربان بولدى، مال - مۈلۈك زىيىنىنى مۆلچەرلىگىلى بولمايدۇ. تېررورىزمنىڭ زوراۋانلىق قىلمىشى ئالدىدا، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، شىنجاڭ قانۇنىنىڭ نوپۇزى ۋە جەمئىيەت ئادىللىقىنى قەتئىي قوغداپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھاياتى، مال - مۈلۈك بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلدى، قانۇن بويىچە بىر يۈرۈش كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ، تېررورىزم، ئەسەبىزم جىنايىتىدىن قاتتىق مۇداپىئەلىنىپ ۋە ئۇنىڭغا قاتتىق زەربە بېرىپ، تېررورىزم، ئەسەبىزمنىڭ پەيدا بولۇش، يامراش تۇپرىقىنى تىرىشىپ يوقىتىپ، ئەسەبىزمنىڭ سىڭىپ كىرىشى، كاشىلا قىلىشىنى ئۈنۈملۈك توسۇپ، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش كۈرىشىدە باسقۇچلۇق غەلىبىنى قولغا كەلتۈردى، شىنجاڭدا ئۇدا ئۈچ يىل زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو (ۋەقە)سى يۈز بەرمىدى، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى كۆرۈنەرلىك كۈچەيدى.

پاكىت مۇنازىرىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم باشتىن - ئاخىر ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئامانلىقى ۋە ھال - ئەھۋالىنى ئەڭ يۇقىرى ئورۇنغا قويدى، خەلقنىڭ تۇرمۇشى، بەختىنى ئەڭ چوڭ كىشىلىك ھوقۇق دەپ قارىدى، شەھەرگە ھۇجۇم قىلىپ ئىستىھكامنى ئېلىش غەيرىتى ۋە جاسارىتى ئارقىلىق، «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»نى چۆرىدەپ بىر يۈرۈش كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش خىزمىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇردى. نامراتلىق يۈز بېرىش نىسبىتى 2013 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى 19.4%تىن 2018 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى 6.1%كە تۆۋەنلىدى. پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى كادىرلار، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئاساسىي قاتلامدىكى ھەر مىللەت ئامما بىلەن قوشماقلىشىپ تۇغقان بولۇشنى سىجىل ئالغا سىلجىتىپ، ھەر مىللەت كادىرلار، ئامما بىلەن ئۆي - پىكىردە بىللە بولۇپ، بىللە ئىشلەپ، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشتىكى قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەرنى پائال ھەل قىلدى. پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ ئادەتتىكى ئاممىۋى خامچوت چىقىمىنىڭ 70%تىن كۆپرەكىنى خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە ياخشىلاشقا ئىشلىتىشتە چىڭ تۇردى، ھەر يىلى ئومۇمىي خەلقنىڭ سالامەتلىكىنى تەكشۈرۈش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇپ، ساغلاملىق ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشنى پائال ئالغا سىلجىتتى؛ قىيىنچىلىقى بار توپنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشنى گەۋدىلىك ياخشى تۇتتى، بۇ يىلدىن بۇيان يېزىلاردىكى ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىدىن 2 مىليون 820 مىڭ 800 ئادەم قېتىمنى يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، تەرەققىيات نەتىجىسىدىن ھەر مىللەت ئاممىنى تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ ئادىل مەنپەئەتلەندۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى. پۇقرالارنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى قاتارلىق ھوقۇق - مەنپەئەتلىرىگە تولۇق ھۆرمەت قىلدى ۋە كاپالەتلىك قىلدى، «يەتتەنى كىرگۈزۈش، ئىككى بولۇش» «توققۇزنى سەپلەش»نى زور كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىپ، دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنىڭ ئاساسىي شارائىتىنى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ، دىن ساھەسىدىكى زاتلارنىڭ قارشى ئېلىشىغا ۋە تەرىپلىشىگە چوڭقۇر ئېرىشتى.

پاكىت مۇنازىرىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى ئالغا سىلجىتىش داۋامىدا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم مۇقىملىقنى ئەمەلىيەتكە قويۇپ، «بىر قولدا زەربە بېرىشنى تۇتۇش، بىر قولدا ئالدىنى ئېلىشنى تۇتۇش»تا چىڭ تۇرۇپ، زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايىتىگە زەربە بېرىش بىلەن كىشىلىك ھوقۇققا كاپالەتلىك قىلىشنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈپ، ھەم قانۇن بويىچە زوراۋانلىق - تېررورىزم، ئەسەبىزم جىنايىتىگە قاتتىق زەربە بېرىشكە ئەھمىيەت بېرىپ، پۇقرالارنىڭ ئاساسىي كىشىلىك ھوقۇقىنىڭ دەخلى - تەرۇزغا ئۇچرىماسلىقىغا ئەڭ زور چەكتە كاپالەتلىك قىلدى، ھەم مەنبەدىن تۈزەشكە ئەھمىيەت بېرىپ، تېررورلۇق پائالىيەتلىرى، ئەسەبىزم پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىشقا كۈشكۈرتۈلگەن، مەجبۇرلانغان، قايمۇقتۇرۇلغان ياكى تېررورلۇق پائالىيەتلىرى، ئەسەبىزم پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىپ قىلمىشى يېنىك بولغان كىشىلەرگە قارىتا، ئالاقىدار قانۇن - نىزاملاردىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، «مەركەزلىك تەربىيىلەش، ياتاقلىق تۈزۈمدە ئۆگىنىش، ئەمەلىيەت جەريانىدا تەربىيىلەش» قاتارلىق كۆپ خىل شەكىل ئارقىلىق ھەقسىز كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇپ، كۆرۈنەرلىك ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈردى. بىر تەرەپتىن، تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ قانۇنچىللىقتىن ئەيمىنىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ ئەسەبىي ئىدىيەسىنى تۈگەتتى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، تەربىيەلەنگۈچىلەر ماھارەت ئۆگىنىپ، ئىشقا ئورۇنلىنىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈردى. مەسىلەن، خوتەن شەھىرىدىكى كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە مەركىزىدە تەربىيىلىنىشنى تاماملىغان تۇرسۇنئاي تېخنىكىسى ياخشى بولغانلىقتىن، بۈگۈنكى كۈندە بىر كىيىم - كېچەك شىركىتىنىڭ سۈپەت باشقۇرۇش مەخسۇس خادىمىغا ئايلاندى. ئۇنىڭغا ئوخشاش جانلىق ئەمەلىي مىساللار سان - ساناقسىز. 2019 - يىلدىن بۇيان، ئامېرىكا قاتارلىق غەرب دۆلەتلىرىدىكى دىپلومات، تاراتقۇ، ئالىم قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان نەچچە مىڭ ھەر ساھە زات شىنجاڭغا كېلىپ ئېكسكۇرسىيە قىلىپ، زىيارەت قىلىپ، تەلىم - تەربىيە مەركىزىنى نەق مەيداندا كۆزدىن كەچۈردى. ئۇلار ئومۇميۈزلۈك ھالدا ئەمەلىي ئەھۋالنىڭ بىر قىسىم غەرب تەشكىلاتلىرى ۋە تاراتقۇلىرى تەسۋىرلىگەنگە پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. 2019 - يىلى 7 - ئاينىڭ 26 - كۈنى، 50 دۆلەت بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىنىڭ رەئىسىگە بىرلەشمە ئىمزالىق خەت يېزىپ، جۇڭگونىڭ شىنجاڭغا ئالاقىدار مەسىلىدىكى مەيدانىنى قوللاپ، شىنجاڭ تەلىم - تەربىيە مەركىزى تەسىس قىلىش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىپ ئەسەبىزم ۋە تېررورىزمنىڭ ئۈنۈملۈك ئالدىنى ئېلىپ، ئاساسىي كىشىلىك ھوقۇققا كاپالەتلىك قىلدى، دەپ كۆرسەتتى. بۇ دۆلەتلەر ئىچىدىكى 30غا يېقىن دۆلەت ئىسلام ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ ئەزا دۆلىتى. بۇ، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ شىنجاڭنىڭ كىشىلىك ھوقۇق مۇۋەپپەقىيەتلىرى ۋە تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش نەتىجىلىرىگە ئادىل باھا بەرگەنلىكىنى تولۇق ئىپادىلەپ بەردى. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش شىنجاڭنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن، تېررورىزم، ئەسەبىزمنى مەنبەدىن يوقىتىشتىكى ئۈنۈملۈك تەدبىر، كىشىلىك ھوقۇققا بولغان ئەڭ ياخشى قوغداش.

ماھىيەتتە، ئامېرىكىنىڭ ئاتالمىش «كىشىلىك ھوقۇق»ى پەقەت ئۇنىڭ زومىگەرلىك، زوراۋانلىق سىياسىيسىنى يولغا قويۇش قورالى، پەقەت ئامېرىكىنىڭ باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى ئىشىغا ئارىلىشىشىدىكى بىر ساختا باھانىسى، خالاس. ئامېرىكىنىڭ ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى» پۈتۈنلەي باشقىچە غەرەزدە شىنجاڭنىڭ ئىناقلىقى، مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى تەلۋىلەرچە ئاپەتكە ئىتتىرىشكە ئۇرۇنىدىغان ھىيلە - نەيرەڭ، مەقسىتى جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا ئارىلىشىش، جۇڭگونىڭ تەرەققىياتىنى توسۇش بولۇپ، غەرىزى ئىنتايىن رەزىل، سۇيىقەستى ئىنتايىن روشەن. قانۇن بويىچە زوراۋانلىق، تېررورلۇق پائالىيەتلىرىگە زەربە بېرىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھاياتى، مال - مۈلۈك بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش كىشىلىك ھوقۇققا بولغان ئەڭ توپ كاپالەت. ئاز سانلىق مىللەت پارتىيەلىك رەھبەرىي كادىر بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن شىنجاڭدىكى تۈرلۈك ئىشلارنىڭ ۋە مۇقىملىقنىڭ، تەرەققىياتنىڭ باشتىن كەچۈرگۈچىسى ۋە گۇۋاھچىسى، مېنىڭ دەيدىغىنىم، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي، كەسكىن ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بىر قاتار ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىق، تەرەققىيات چوڭ ياخشى ۋەزىيىتىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە پۈتۈنلەي ئۇيغۇن بولۇپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھاياتلىق ھوقۇقى، ساغلاملىق ھوقۇقى ۋە تەرەققىيات ھوقۇقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى. بۇنى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق ھەسسىلەپ قەدىرلەيدۇ، ھاياتى بىلەن قوغدايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، بىز ھەرگىزمۇ بۈگۈنكىلىك بىلەن ھوشيارلىقىمىزنى بوشاشتۇرۇپ قويمايمىز، بىز باشتىن - ئاخىر كاللىمىزنى سەگەك تۇتۇپ، باشتىن - ئاخىر مۇقىملىقنى قوغداشنى ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان سىياسىي ۋەزىپە، تەيشەن تېغىدىنمۇ ئېغىر سىياسىي مەسئۇلىيەت قىلىپ، «تۆت ئاڭ»نى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، باشتىن - ئاخىر سىياسىي ئېرادىنى ساقلاپ، «ئۈچ خىل كۈچ»كە قارشى قەتئىي، كەسكىن كۈرەش قىلىمىز. شىنجاڭ جۇڭگونىڭ شىنجاڭى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق جۇڭخۇا مىللىتى چوڭ ئائىلىسىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق ئامېرىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەر قانداق تاشقى كۈچنىڭ كاشىلا قىلىشىغا ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلىشىغا قەتئىي يول قويمايدۇ ھەم قەتئىي قوشۇلمايدۇ. «ئۈچ خىل كۈچ» ئېلىپ كەلگەن ئېغىر ئازاب ۋە ساۋاق ئۇيغۇر قېرىنداشلارغا شۇنى تونۇتتىكى، ئۇلار ئەمدى ھەرگىزمۇ ھاماقەتلەرچە «ئۈچ خىل كۈچ»نىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشمەيدۇ، چوقۇم تەستە قولغا كەلگەن مۇقىم، ئىناق ۋەزىيەتنى ئاسرايدۇ، قەدىرلەيدۇ، مۇقىملىققا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان ھەرقانداق ئادەمگە پۇرسەت بەرمەيدۇ. مەن باشلامچى بولۇپ، ئاممىۋى خىزمەتنى ياخشى ئىشلەپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈندىلىك خىزمەتكە سىڭدۈرۈپ، «ئۈچ ئايرىلالماسلىق» «بەشنى قەلبتىن ئېتىراپ قىلىش» ئىدىيەسىنى كىشىلەر قەلبىگە كەڭ، چوڭقۇر سىڭدۈرۈپ، «ئۈچ خىل كۈچ»نى ئەڭ زور چەكتە يېتىم قالدۇرىمەن.

مەن شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمەنكى، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكى بولىدىكەن، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتۈن جۇڭگو خەلقىنىڭ زىچ ئىتتىپاقلىقى بولىدىكەن، شىنجاڭنىڭ گۈللىنىشى، مۇقىملىقى، ئىتتىپاقلىقى، ئىناقلىقى، خاتىرجەملىكىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان، جۇڭگونىڭ تەرەققىياتىنى توسىدىغان ھەرقانداق سۇيىقەست ھەرگىز ئەمەلگە ئاشمايدۇ، شىنجاڭنىڭ گۈللىنىشى، مۇقىملىق، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، جەمئىيەت ئىناقلىقىنى سىجىل ساقلىشى ئاشۇ «ئىغۋارگەرچى»لەرگە، «قارا چاپلىغۇچى»لارغا بېرىلگەن ئەڭ كۈچلۈك قايتۇرما زەربە.

# ئامېرىكا تېررورلۇققا قارشى تۇرۇشتا قوش ئۆلچەم يۈرگۈزۈپ، ئىنسانپەرۋەرلىككە يات ئاپەت كەلتۈرۈپ چىقاردى

(بېشى 2 - بەتتە)

«شەرقىي تۈركىستان» تېررورچى ئۇنسۇرلىرىنى قويۇپ بەردى. «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» (خەنزۇچىدا قىسقارتىلىپ «东伊运» دېيىلىدۇ) «شەرقىي تۈركىستان» تېررورچى كۈچلىرى ئىچىدىكى ئەڭ خەۋپلىك تېررورلۇق تەشكىلاتلىرىنىڭ بىرى، 2002 - يىلى 9 - ئاينىڭ 11 - كۈنى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى خەۋپسىزلىك كېڭىشى تەرىپىدىن تېررورلۇق تەشكىلاتى دەپ بېكىتىلگەن. شۇ يىلى، ئامېرىكا گوۋۇيۈەنى ۋە مالىيە مىنىستىرلىقى «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى»نى «بازا» تەشكىلاتى بىلەن قويۇق ئالاقىسى بار تېررورلۇق تەشكىلاتى تىزىملىكىگە كىرگۈزگەن. لېكىن، ئامېرىكا بۇ تەشكىلاتتىكى تېررورچى ئۇنسۇرلارنى بىر تەرەپ قىلغاندا، ئافغانىستان ئۇرۇشىدا تۇتۇلغان بىر تۈركۈم جۇڭگو تەۋەلىكىدىكى «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى»گە ئەزا تېررورلۇق جىنايەت گۇماندارلىرىنى «ئۇرۇش قىلمايدىغان خادىم» دەپ ئاتىدى ھەم ئۇلارنى قويۇۋېتىشكە ئۇرۇندى. 2006 - يىلدىن باشلاپ، ئامېرىكا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، بىر قىسىم تېررورلۇق جىنايەت گۇماندارلىرىنى ئوخشىمىغان دۆلەتلەرگە يۆتكىدى. 2008 - يىلى، ئامېرىكا جۇڭگو ئوتتۇرىغا قويغان گۇۋانتانامو تۈرمىسىگە قامالغان 17 نەپەر «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» تېررورلۇق تەشكىلاتىدىكى تېررورچى ئۇنسۇرلارنى دۆلەتكە قايتۇرۇپ كېلىش تەلىپىنى رەت قىلدى. 2009 - يىلى، ئامېرىكا جۇڭگونىڭ قارشى تۇرۇشىغا پەرۋا قىلماي، تۆت نەپەر «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى»گە ئەزا تېررورچى ئۇنسۇرنى ئەنگلىيەگە قاراشلىق بېرمۇدا تاقىم ئارىلىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى. 2014 - يىلى، ئامېرىكا يەنە بىر قېتىم سلوۋاكىيەگە گۇۋانتانامودا قامالغان ئۈچ نەپەر «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» تېررورلۇق جىنايەت گۇماندارىنى ئۆتكۈزۈپ بەردى...

تېررورلۇق ھۇجۇم قىلىش ۋەقەسىگە پەرۋاسىز پوزىتسىيەدە بولدى. 2013 - يىلى 6 - ئاينىڭ 26 - كۈنى، شىنجاڭ پىچان ناھىيەسىدە 17 كىشىدىن تەشكىللەنگەن زوراۋانلىق، تېررورلۇق شايكىسى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ شۇ جايدىكى جامائەت خەۋپسىزلىكى ساقچىخانىسى، بازارلىق ھۆكۈمەت، ماگىزىن قاتارلىقلارغا ھۇجۇم قىلىپ، قولغا پىچاق ئېلىپ جامائەت خەۋپسىزلىكى خەلق ساقچىلىرى ۋە بىگۇناھ ئاممىنى غالجىرلىق بىلەن چاناپ ئۆلتۈرۈپ، 24 كىشىنىڭ ئۆلۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ۋەقە يۈز بەرگەندىن كېيىن، ئەزەلدىن ئۆزىنى تېررورلۇققا قارشى تۇرۇشتىكى ھەققانىيەتپەرۋەر دەپ ھېسابلايدىغان، جاراھەتنى كۆرسىتىپ خەلقئارا ئاممىۋى پىكىرنىڭ ھېسداشلىقىغا ئېرىشىدىغان ئامېرىكا، ئويلىمىغان يەردىن شىنجاڭدا يۈزبەرگەن زوراۋانلىق، تېررورلۇق پائالىيىتىنى «جۇڭگو دېموكراتىك ھەرىكىتىنىڭ باشلىنىشى» دەپ ئاتىدى، ئامېرىكا گوۋۇيۈەنىنىڭ باياناتچىسى ئىپادە بىلدۈرۈش جەريانىدا ھەتتا جۇڭگونىڭ مىللەت - دىن سىياسىتىنى تەنقىدلىدى ۋە ئەيىبلىدى. 2013 - يىلى 10 - ئاينىڭ 28 - كۈنى، ئۈچ نەپەر زوراۋان - تېررورچى ئۇنسۇر 31 تۇڭ بېنزىن، 20 دانە چاقماق، بەش دانە ئۇزۇن - قىسقا پىچاق قاتارلىق دېلو سادىر قىلىش بۇيۇملىرىنى ئېلىپ، جىپ ئاپتوموبىلنى ھەيدەپ بېيجىڭ تيەنئەنمېننىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى پىيادىلەر يولىغا بېسىپ كىرىپ، غالجىرلىق بىلەن ساياھەتچى ۋە پىيادىلەرنى سوقتى، ھەم ئاپتوموبىل ئىچىدىكى بېنزىنغا ئوت يېقىپ، ئىككى كىشىنىڭ ئۆلۈشىنى، 40 نەچچە كىشىنىڭ يارىلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇ قېتىمقى تېررورلۇق ھۇجۇمى ۋەقەسىگە قارىتا، ئامېرىكا ھۆكۈمەت تەرەپ ئاشكارا ئىپادە بىلدۈرگەندە جۇڭگو تەرەپنىڭ تېررورلۇق ھۇجۇمى ۋەقەسىنىڭ خاراكتېرىنى بېكىتىشنى قەتئىي قوللىمىدى، ئامېرىكا ئاساسىي ئېقىم تاراتقۇسى CNN ھەتتا ۋەقەگە ئالاقىدار تېررورچى ئۇنسۇرلارغا ھېسداشلىق قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئامېرىكا گوۋۇيۈەنى ئېلان قىلغان «2013 - يىل دۆلەت تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش دوكلاتى»دا جۇڭگو ھۆكۈمىتىنى 3 - تەرەپنىڭ دەلىللىشى ئۈچۈن تەپسىلىي ئىسپات بىلەن تەمىنلىمىدى، دېدى، ھەم ئوخشىمىغان دۆلەتلەرنىڭ تېررورىزمغا قارىتا ئوخشىمىغان قارشى بارلىقىنى بىلدۈردى. 2014 - يىلى 3 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، جۇڭگونىڭ يۈننەن ئۆلكىسى كۈنمىڭ شەھىرى ۋوگزالىدا بىر قېتىملىق ئېغىر زوراۋانلىق، تېررورلۇق ۋەقەسى يۈزبەردى، بىر توپ نىقابلىق زوراۋان ئۇنسۇر ۋوگزالدا قىلىچلىرىنى شىلتىپ بىگۇناھ ئاممىنى چاناپ ئۆلتۈرۈپ، 31 كىشىنىڭ ئۆلۈشى، 141 كىشىنىڭ يارىلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. نەق مەيداندىكى دەلىل - ئىسپاتلار شۇنى كۆرسەتتىكى، بۇ بىر قېتىملىق ئېغىر زوراۋانلىق، تېررورلۇق ۋەقەسى. ھالبۇكى، كىشىنى غەزەپلەندۈرىدىغان بۇنداق زوراۋانلىققا قارىتا، ئامېرىكىنىڭ جۇڭگودىكى ئەلچىخانىسى ئۆزىنىڭ ھۆكۈمەت مىكرو بلوگىدا ئاغزىنىڭ ئۇچىدىلا ئۇنى «زوراۋانلىق قىلمىشى» دەپ ئاتاپ، قىرغىنچىلىقنىڭ «قىلچە ئەھمىيىتى يوق» دەپ ئېغىرنى يېنىكلىتىپ يۈزەكى باھا بەردى. جۇڭگو ئېغىر نارازىلىق بىلدۈرگەن ئەھۋالدا، ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ باياناتچىسى ئاندىن ئىككى كۈندىن كېيىن بۇ ھۇجۇم قىلىش ۋەقەسىنى جۇڭگونىڭ «تېررورىزملىق قىلمىش» دەپ بېكىتىشىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

تېررورلۇق، زوراۋانلىق قىلمىشلىرىغا يول قويدى ۋە ئۇنى قوللىدى، تېررورچى ئۇنسۇرلارنى قانات ئاستىغا ئالدى. 2005 - يىلى، كۇبا پۇقرالار ئاۋىياتسىيەسى يولۇچىلار ئايروپىلانىنى پارتلىتىش دېلوسى، ھاۋانا ساياھەت مېھمانخانىسىنى پارتلىتىش دېلوسىنى پەيدا قىلىپ، قاتنىشىپ، 70تىن ئارتۇق كىشىنىڭ ئۆلۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ھەم كۇبا رەھبىرى كاستىرونى قەستلەپ ئۆلتۈرۈشكە ئۇرۇنغان تېررورچى ئۇنسۇر پوسادا كاررىلېس چېگرادىن ئوغرىلىقچە ئۆتۈپ ئامېرىكىغا كىردى، ۋېنېزۇئېلا ھۆكۈمىتى ئامېرىكا ھۆكۈمىتىگە نوتا تاپشۇرۇپ، ئىككى تەرەپنىڭ ئۆتكۈزۈپ بېرىش شەرتنامىسىگە ئاساسەن، پوسادانى قولغا ئېلىشنى ھەم ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. كۇبا ھۆكۈمىتىمۇ ئامېرىكىدىن پوسادانى قانۇن جازاسىغا تارتىشنى كۈچلۈك تەلەپ قىلدى. لېكىن بۇ يوللۇق تەلەپلەرگە قارىتا، ئامېرىكا دائىرىلىرى ئالدى بىلەن باھا بېرىشنى رەت قىلدى، كېيىن پوسادانىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى بىلىدىغانلىقىنى ئىنكار قىلدى، ئەڭ ئاخىرىدا تېخى پوسادا ئامېرىكىغا يوشۇرۇنۇۋالغان دېگەن قاراش «ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان» دېدى. بىراق، پوسادانىڭ ئادۋوكاتى پوسادانىڭ ئامېرىكىنىڭ فلورىدا ئىشتاتىغا يوشۇرۇنۇۋالغانلىقىنى، يەنە كېلىپ ئامېرىكا ھۆكۈمىتىگە سىياسىي پاناھلىق ئىلتىماسى سۇنغانلىقىنى جەزملەشتۈردى. 2014 - يىلى، سۈرىيەنىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى، قوشۇمچە دىپلوماتىيە مىنىستىرى مۇئاللىم ئامېرىكىنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش مەسىلىسىدىكى قوش ئۆلچىمىنى ئاشكارا ئەيىبلەپ، ئامېرىكىنىڭ بىر قىسىم ئاتالمىش «مۆتىدىل» سۈرىيە تەشكىلاتلىرىنى مەبلەغ، قورال - ياراغ ۋە تەربىيە بىلەن تەمىنلەپ، زوراۋانلىق ۋە تېررورىزمغا ياردەم بېرىپ، سۈرىيە كرىزىسىنى ئۇزارتىۋېتىش ئارقىلىق، كرىزىسنى سىياسىي يول بىلەن ھەل قىلىش ئاساسىغا بۇزغۇنچىلىق قىلدى دەپ كۆرسەتكەندى.

خەلق ئاممىسىنىڭ ئاساسىي ھوقۇق - مەنپەئىتىگە دەخلى - تەرۇز يەتكۈزدى. ئەنگلىيە «مۇھاپىزەت گېزىتى» ۋە ئامېرىكا «ۋاشىنگتون پوچتىسى گېزىتى»نىڭ ئاشكارىلىشىچە، ئامېرىكا دۆلەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى ۋە قوشما ئىشتات تەكشۈرۈش ئىدارىسى «تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش» نامى بىلەن، «قىرلىق ئەينەك» دەپ نام بېرىلگەن مەخپىي تورنى قانات يايدۇرۇپ، توققۇز ئامېرىكا ئالاقە تورى شىركىتىنىڭ مەركىزىي مۇلازىمېتىرىغا بىۋاسىتە كىرىپ، سانلىق مەلۇماتلارنى قېزىپ ئاخبارات توپلىغان. مىكروسوفت، ياخو، گوگىل، ئالما قاتارلىق توققۇز شىركەت بۇ تۈرگە قاتناشقان. يۇقىرى دەرىجىلىك بۇ مەخپىي تۈر 2007 - يىلى يولغا قويۇلغاندىن بۇيان ئەزەلدىن سىرتقا ئاشكارىلىنىپ باقمىغان. ئالاقە تورى شىركىتىنىڭ مەركىزىي مۇلازىمېتىرىغا كىرىش ئارقىلىق، ئاخبارات ئانالىز قىلغۇچى خادىملار بارلىق ئابونېنتلارنىڭ ئۈن، سىن، سۈرەت، ئېلېكترونلۇق يوللانما، ھۆججەت ۋە ئۇلىنىش خاتىرىسى قاتارلىق ئۇچۇرلىرى بىلەن بىۋاسىتە ئۇچرىشىپ، ئالاقە تورىنى ئىشلەتكۈچىلەرنىڭ ھەر بىر ھەرىكىتى ھەمدە ئۇلارنىڭ بارلىق ئالاقىلەشكۈچىلىرىنىڭ ئىزىغا چۈشكەن. 2017 - يىلى، ئامېرىكا «چەت ئەل تېررورچى ئۇنسۇرلىرىنىڭ ئامېرىكىغا كىرىشىنى چەكلەيدىغان دۆلەتنى قوغداش پىلانى» ناملىق بىر مەمۇرىي بۇيرۇقنى چىقىرىپ، ئىراق، سۈرىيە، ئىران، سۇدان، سومالى، يەمەن ۋە لىۋىيە قاتارلىق يەتتە دۆلەت پۇقرالىرىنىڭ ئامېرىكا چېگراسىغا كىرىشىنى چەكلىدى، ئالاقىدار يەتتە دۆلەتنىڭ ھەممىسى بىردەك مۇسۇلمانلار ئاساسىي ئاھالە بولغان دۆلەتلەر بولۇپ، تاراتقۇلار ۋە ئەلئارا تەشكىلاتلار تەرىپىدىن «مۇسۇلمانلارنى چەكلەش بۇيرۇقى» دەپ ئاتالدى. تېررورىزمنى مۇئەييەن دۆلەت، رايون ۋە دىن بىلەن ئۆزئارا باغلايدىغان بۇنداق ئۇسۇل ئامېرىكا دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى نۇرغۇن زات ۋە تەشكىلاتنىڭ قارشى تۇرۇشى ۋە ئەيىبلىشىنى قوزغىدى.

رايون ۋەزىيىتىنىڭ داۋالغۇشىنى ۋە ئېغىر ئىنسانپەرۋەرلىككە يات ئاپەتنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. 2001 - يىلى 10 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، ئامېرىكا ئاتالمىش «تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى»نى قوزغاپ، ئافغانىستانغا ھەربىي ھەرىكەت قوللىنىدىغانلىقىنى جاكارلىدى ھەم ئامېرىكا ۋەتەنپەرۋەرلەر قانۇن لايىھەسىنى ماقۇللىدى. ئامېرىكا تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش نامى بىلەن ئافغانىستان ئۇرۇشىنى قوزغاپ،

(ئاخىرى 9 - بەتتە)